# 127020 - پىۋا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىچىملىكلەرنى ئىستىمال قىلىشنىڭ ھۆكمى

## سوئال

پىۋا ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىش توغرىمۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

پىۋىنىڭ تەركىبىدە مەست قىلغۇچى ماددىلار بولمىسا بۇنى ئىچكىلى بولىدۇ، ئەمما مەست قىلغۇچى ماددىلار بولۇپ قالسا بۇنى ئىچىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك تەركىبىدە مەست قىلغۇچى ماددا بار بولغان بارلىق يېمەكلىك ۋە ئېچىملىكلەردىن ھەزەر قىلىش لازىم. تەركىبىدە چەكلەنگەن نەرسىلەر مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنى يېيىش-ئېچىش دۇرۇس ئەمەس. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ . إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ اللَّهِ وَعَنِ الصَّلَاةِ﴾

فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا

**چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانماسسىلەر؟.»** [مائىدە سۈرىسى 90-91-ئايەت].

بۇ ھەقتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ماددا هاراقتۇر، ھەر قانداق مەست قىلغۇچى نەرسە هارامدۇر.»** [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھ تائالا هاراقتا، ئىچكۈچىگە، قۇيۇپ بەرگۈچىگە، ماددىسىنى تەييار قىلغۇچى ۋە تەييار قىلدۇرغۇچى، يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ۋە يەتكۈزۈپ بېرىلگۈچىگە، ساتقۇچى ،سېتىۋالغۇچى ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى خەجلىگۈچىگە لەنەت قىلدى.»** [ئىبنى داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«**

**«ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ئىچىملىك هارامدۇر». »**

يەنە
بىر ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھسسالام:
»
**«ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ۋە**
**ئەقىلنى يوق قىلغۇچى نەرسىلەردىن چەكلىگەن».**
»

بارلىق
مۇسۇلمانلارھەرقانداق
مەست قىلغۇچى ماددىلارنى ئىستىمال قىلىشتىن ھەزەر قىلىشى
كېرەك. ئەگەر بۇنداق ئىشنى قىلىپ سالغانلار بولسا،
دەرھال ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈپ، قىلمىشىغا
ئۆكۈنۈپئاللاھ
تائالاغا تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتسۇن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە
مۇنداق دەيدۇ:
**﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ**
**لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾**
تەرجىمىسى: **«ئى مۆمىنلەر نىجاتلىققا**
**ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا**
**تەۋبە قىلىڭلار.»** [سۈرە نۇر
31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئاللاھ
تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:
**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا تُوبُوا إِلَى اللَّهِ تَوْبَةً**
**نَّصُوحًا﴾**
تەرجىمىسى: **«ئى**
**مۆمىنلەر ئاللاھقا سەمىمي تەۋبە**
**قىلىڭلار»** [تەھرىم سۈرىسى 8-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].